يۇسۇپجان ئەرشىدىن

# كۆسەي تېرەك

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

يۇسۇپجان ئەرشىدىن



# كۆسەي تېرەك

(ھېكايە، پوۋېست، نەسرلەر توپلىمى)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：热沙来提·阿布拉
责任校对：胡达白尔的

图书在版编目(CIP)数据

枯萎的老树：维吾尔文/玉苏甫江·毕西丁著. —北京：民族出版社，2008.7
ISBN 978-7-105-09534-6

Ⅰ.枯... Ⅱ.玉... Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第116958号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008年8月第1版
2008年8月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：8.75
印　　数：0001-2000册
定　　价：14.00元
ISBN 978-7-105-09534-6/I.1953(维284)

مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

# كۆسەي تېرەك

يۈسۈپجان ئەرشىدىن

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 8.75
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 14.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-09534-6/I.1953(维284)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

سالام كىتابخان!

قولىڭىزدىكى «كۆسەي تېرەك» ناملىق بۇ ھېكايە — پوۋېست — نەسرلەر توپلىمىغا يورۇق دۇنيادا پەقەت 30 يىللا ياشىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئۆتكەن گۈزەل ياشلىق ھاياتىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، نادىر ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن تالانتلىق ياش دېھقان يازغۇچى مەرھۇم يۈسۈپجان ئەرشىدىننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

يۈسۈپجان ئەرشىدىن 1974 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىنىڭ ياقئېرىق بازار ئاقگۈمبەز كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1988 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ، ئائىلە ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئائىلىسىگە قايتقان. 1993 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئاقگۈمبەز كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە كەنت مەمۇرىيىتىنىڭ بوغالتىرى بولۇپ ئىشلىگەن.

يۈسۈپجان ئەرشىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۇنجى يىللىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ مەكتەپتە ھاسىل قىلغان كىتابىي بىلىملىرىدىن سىرت، ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئەسرات ۋە مۇلاھىزە خاتىرىسى قالدۇرۇپ ماڭغان، شۇنداقلا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنە-
لىرى بىلەنمۇ چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئەل ئارىسىدىكى ئۆزى مۇھىم
دەپ بىلگەن رېئال ـ تارىخىي رىۋايەت ـ قىسسە، كەچمىش ـ
ۋەقەلەرنى توپلاپ، ئۇنى كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مۇ-
ھىم بەدىئىي تۈرمۇش دېتاللىرىغا ئايلاندۇرغان. ئۇ ئۆزى ياراتقان
ۋە ئۆزى ئۆچرىشىپ تۇرغان ئەنە شۇنداق ئەدەبىي مۇھىتنىڭ
ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى ئاستىدا، 1993 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»
دە ئېلان قىلغان «ئۇستازىم» ناملىق تۇنجى ئەسىرى بىلەن ئىجا-
دىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ھاياتىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە «ئاقسۇ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ
گېزىتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» قا-
تارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 80 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي
ئەسەر ۋە ئاخبارات ماقاللىرىنى ئېلان قىلغان.

قەلەم كۈچى بىلەن ئىجادىيەت تەپەككۇرى تازا پىشىپ يېتىل-
ىۋاتقان يۈسۈپجان ئەرشىدىن 1999 ـ يىلى جىددىي قوزغىلىش-
چان يۈرەك كلاپانى چوڭىيىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ
قالغان. ئاتا ـ ئانىسى ۋە دوستلىرى ئۇنى ئىجادىيەتتىن ۋاز
كېچىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر تەرەپتىن داۋالىنىپ،
يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق زېھنىي كۈچىنى يېرىك ئەسەرلەر ئىجا-
دىيىتىگە قارىتىپ، 2000 ـ يىلدىن 2004 ـ يىلغىچە بولغان
بەش يىل جەريانىدا «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»،
«تۇرپان» قاتارلىق ژۇرناللاردا سەككىز پارچە ئەسىرىنى ئېلان
قىلدۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسى-
غا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قى-
لىنغان «غايىب بولغان قەھرىمان» ناملىق تارىخىي ھېكايىسى
ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە تەسىس قىلىنغان (تۇنجى نۆۋەتلىك)
2002 ـ يىللىق «تارىم باھارى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ھەم
2003 ـ يىلى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇرۇمچى

شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئېغىرلىشىپ، يۈرەك كلاپانىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن زۆرۈر خىراجەتكە موھتاج بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يۈسۈپجان ئەرشىدىننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا جەمئىيەتكە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ئىئانە توپلاپ، ئۇنىڭغا كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ئاخىرى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە 30 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يازغان «جازالىنىش»، «بىر كېچىلىك قونالغۇ»، «كۆسەي تېرەك» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېلان قىلىنىپ، مەرھۇم بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈسۈپجان ئەرشىدىننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مېھنەتكەش دېھقانغا خاس ساددا، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي پەزىلىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى ھەم رەھىمسىز كېسەلگە قارشى قەيسىرانە ئىرادىسىنىڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ ئەسلەشكە ئەرزىيدۇ.

ئائىلە نامراتلىقى تۈپەيلىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەن بىر دېھقان ياشنىڭ جۇرئەتكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئۇرۇپ، قىسقىغىنە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە قەلىمىنى تاشلىماي خەلقىمىزگە مەنئۇي ئوزۇق بېرىشكە تىرىششى كەڭ ياشلىرىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئۆرنەك دەپ قارايمەن.

ئابلەت قېيۇم

2005 ـ يىل 12 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


كۆسەي تېرەك ........................................ 2
قاقشال سۆگەت ........................................ 49
دوستۇمغا يېزىلغان خەتلەر ................................ 77
يۇلغۇنغا تۈكۈلگەن ياش ................................ 86
كۆل رەڭ تۇمان ........................................ 130
غايىب بولغان قەھرىمان ................................ 152


## نەسر


جازالىنىش ........................................ 199


## پوۋېست


بىر كېچىلىك قونالغۇ ........................................ 218

# هیکایەلەر

# كۆسەي تېرەك

زۇمرەتتەك سۇزۇك ئاسمان باغرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان قۇياش
يەر - جاھانغا خۇددى تونۇرنى قىزىتىۋاتقان ئوت يالقۇنىدەك
كۇچلۇك ھارارەت سېپىپ تۇراتتى. ئىزغىرىن شامال نەلەرگىدۇر
يوقالغان، ئىيۇل ئايلىرىنىڭ تىنچىق ھاۋاسى بارغانچە دىمىقىپ
ئادەمگە بىزارلىق ھېس قىلدۇراتتى.

كەتمەندۆڭ مەھەللىسىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى كەڭرى كەت-
كەن ئالتۇنرەڭ بۇغداي ئېتىزلىرىنى شامالنى كۆرسىلا ئۇسسۇلغا
چۇشۇشكە ئالدىرايدىغان سۆگەتلەر ۋە ئېگىز ئاق تېرەكلەر قويۇق
چۆرىدىگەن، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر پارچە كەڭ نەغدەيگە
يېڭىدىن ئېتىلگەن خاماندا، قارىداپ كەتكەن نەچچە يىللىق سې-
سىق پاخال زومچەكلىرى دالدىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ
قالىدىغان چەش يايقۇنلىرى پىژ - پىژ ئىسسىققا قاقلىنىپ ياتات-
تى. ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان، ئويۇنغا ئامراق بىر توپ سەھرا
باللىرىنىڭ خامانلىرىغا قارىغاچ ۋارقىرىشىپ ئويناۋاتقىنىنى دې-
مىگەندە خاماندا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. پەقەت بىر نەچچەيلەنلا
ئىسكەتىدىن كەتكەن موس - موس دانلىرىنىڭ قاشقا بېدە سۇيىنى
ئىچىپ كۆكىرىۋالغىنىدىن قاقشىغاچ، چەشلەرنى تەكشى كېچىپ
قۇرۇتۇش بىلەن ھەلەك ئىدى. تېرەك شاخلىرىنى شىدە قويۇپ
ياسىغان يېڭى ساتمىلار يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى.

— نېمانچە مۇقۇيۇپ كەتكەندۇ بۇ كەتمەننىڭ بىسى، ئادراس-
ماننىڭ كۆتىكىنىمۇ تۇزۇك كېسەلمەيدىغۇ، دادا؟ — دېدى چەت-
تىكى خاماننىڭ ئوت - چۆپلىرىنى قىرىۋاتقان رۇستەم.

— بۇ يەرنىڭ سېيى ئۇزە بولغاندىكىن، نېمە چاپسا خامىرى

تاشقا ئۇسۇپلا تۇرىدىغان گەپكەن. يېزىغا بۇغداي ساتقىلى بارسام ئېلىۋېلىپ، ئابدۇراخمان تۆمۈرچىگە ئايلىتىپ ئەكىلەرمەن، گەپنى ئاز قىلىپ قولۇڭنى ئىتتىكرەك قىلغىن بالام.

— بىزنى ئىت قوغلىمىغاندىكىن، خاماننى بۈگۈن قىرىپ ئادالىۋېلىپ، بۇغداينى ئەتە ئورغۇزساق بولمامدۇ، دادا.

— بىزگە كېلىدىغان ئاپەت ئىتتىنمۇ يامان بالام. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە مېنى سۇ باققىلى بەلگىلەپتۇ. مەن بولمىسام ئاپاڭ ئىككىڭلار يالغۇز قىينىلىپ قالىسىلەر.

— نەنى باقىدىكەنسىز؟

— ئازغانتۇغ تومىسىنى.

يۇلغۇن نوتىلىرىدىن توقۇلغان بەش ئىلىك ئارىدا چىڭدالغان سامان - سۈپىقاتلارنى كەينىگە قايرىپ، چەش تۆكىدىغان بوشلۇق هازىرلاۋاتقان قۇزاخۇن ئوچۇق ئاسمانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭلىيىدىكى ئاچچىق تەرنى سۈرتىۋېتىپ ئىشىنى داۋام قىلدى، — بۇغدايلار پىشىپ جىرىڭلاپ كەتكىلى نەۋاق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ كومبايىنچى ئۇستامۇ ھەققىنى بەرمەي پوكىنىمغا بېسىۋالىدىغاندەك قىلىپ كەتتى خۇددى. ھېلىمۇ خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر. ھاۋىجانىنىڭ ئۆزگىسۈلى يوق بۇ كۈندە، قەرز مۆھلىتىنى ھەپتىگە قىسقارتسىمۇ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ نېسىگە ئورۇپ بېرىدىغان بولدى. بۇغدايلىرىمنى ئورۇپ، چەشلەپ ئەكىرىۋالغۇچە ماۋۇ ئاسمان كۆزىنىڭ يۇندىسىنى تۆكمەي تۇرسا بولاتتىغۇ…

— بىزنىڭ بۇغداينى ئورىدىغان نۆۋەت قاچانراق كېلىدىكەن دادا؟

— بىزمانلىقىراق كېلىدۇ. چۈشكىچە خاماننى قىرىپ تۈگىتىپ بولالمىساق، ئاپاڭ چۆمۈچنى بويىنىمىزغا ئېسىپ سازايە قىلمىسۇن يەنە، تېزرەك بولايلى.

— ھى… ھى… ھى…



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

رۇستەم ئاپىسىنىڭ ئىككىسىنى ھويلىدا قوغلاپ يۈرگەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

«خۇدا ئالدىمنى ئوچۇق قىلسا، سېتىۋېلىپ تېرىغان ئون بەش مو بۇغدايدىن خېلى بىر نېمە ئۇسقىدەكمەن، — دەپ ئويلايتتى قۇزاخۇن خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ‹ھەرىكەتتە بەرىكەت›، دەپتىكەن، كۆيۈپ - پىشىپ بىر ياز جاپا تارتقىنىم ھەر نېمە بولسا بىكارغا كەتمەيدىغان بولدى. ئەمدىغۇ تۇۋىدىن پۇچقىقىغىچە تىزىلىپ كېلىدىغان قەرز - پەرزلەر كاللا - ماللاق قىلالماس، دانلىرىمغا قازايۇ - قەدەر يەتمەي جايىدا ساتالىسام دەرد - پەرتلەردىن قۇتۇلۇپ، چامىبىلكام خېلىلا ئەتلىنىپ قالغۇدەكمەن. يەنىلا خوتۇنىنىڭ ئەقلى تازىكەن...»

قۇزاخۇن ئالقىنىدا پېشانىسىنى توسۇپ تۇرۇپ، خوتۇنى كېلىۋاتقاندەك مەھەللە تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئىللىق، قارامتۇل چىرايىغا ئامراقلىق، بېقىرقاش كۆلەڭگىلىرى تېپىپ چىققانىدى. لەيلىخان تېنىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن ئېتىز ئىشلىرىغا كۆپ چىقالمايتتى. ئەمما، ئائىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشقا كەلگەندە بوشاڭلىق قىلمايدىغان ئەقىللىق ئايال ئىدى. ئۇ توي قىلغان ئون بەش يىلدىن بېرى سەممىمي ساداقىتى، چېچەنلىكى ۋە كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى بىلەن قۇزاخۇننىڭ ھايات دەرىخىنى سۇغىرىپ، كۆكلىتىپ كەلدى. شۇڭا قۇزاخۇن خوتۇنىدىن بەكمۇ رازى. ئەگەر خوتۇنى ئەقىل ئۆگەتمىگەن بولسا، قۇزاخۇن ئازغىنە يېرىگە بىر ئۆمۈر ئىتتەك باغلىنىپ ئۆتەر ئىدى. مانا، بۈگۈن كەچتە ئورىدىغان بۇغداينىڭ يېرىنى ئالدىغاندىمۇ ئىككىسىنىڭ پۇرچىقى پىشماي، يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىدە ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ نەچچە كېچە ھەپىلەشكەن، ئاخىرى...

بۇ ئىلگىرىكى يازدا بولغان ئىش.

— زىرائەت دېگەنمۇ پۇلى بارنىڭ ئالامەت ئوخشايدىكەن دېسە تۇۋا، — دېدى بىر كۈنى كەچ قۇزاخۇن ھويلىدىكى كاۋا - قاپاق

بارىكى ئاستىدا ئاش ئىچىپ ئولتۇرۇپ، — قولىمىزدىكى ئون بەش مو يەر بىزنى بۇ يىلمۇ قەرزگە تاقىلايدىغان ئوخشايدۇ. قانداق قىلارمىز لەيلەم.

— قانداق قىلاتتۇق ئاتىسى، جان خۇدانىڭ، قوڭ مۇستاپانىڭ بولغاندىكىن، سىلىدەك چاتراقتا تەلمۈرۈپ ئولتۇرارمىز شۇ، — لەيلىخان ئوچاق ئالدىدىكى كۆسەينى قازان بېشىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھۆرتۈك چۈجىلەرگە زەردە بىلەن ئاتقاچ جاۋاب بەردى.

— يائاللا، ئاغزىڭ پۈراپ قالدىمۇ - نېمە؟ گېپىڭ نېمانداق سېسىق، مەنچۇ، سېنى بىرەر مەسلىھەت كۆرسىتەمدىكىن دېگەنىدىم.

— مەن مەسلىھەتنى كۆرسىتىپ، — لەيلىخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى سوزۇپ تەئەددى قىلدى، — دېسەم - دېمىسەم يەنە شۇ مايماق سەنەملىرىگە ئۇسسۇل ئوينايلا. شۇڭا ئەمدى مېنىڭ كارىم يوق. سىلىگە ئاشۇ ئەسكى تېرەك بولسىلا بولىدۇ. مەسلىھەتنى شۇنىڭدىنلا سورىسىلا بېرىپ!

— ھەي ئاغزى يامان دېۋەڭ خوتۇن، ماڭا نېمە دېسەڭ مەيلى لېكىن تېرەكنى چىشلەپ تارتقۇچى بولما جۇمۇ، بېقىنىڭنىڭ پېتىنى تېرىۋەتمەي ھېلى مەن! — قوزاخۇننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— ئەمىسىچۇ، قانداق قىلىمىز، ئېسەنگە بۇغداي تېرىغىلى يەر ئالايلى دېسەم، تاياقنى قايرىپ شىلتىسا مېڭىۋېرىدىغان دىكىندى پاقلاندەك كارىلىرى يوق يۇرىلا. ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك مېنى كولدۇرلاتقۇچە، ئاۋۇ كەنت باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ زاپاس يەردىن ماڭىمۇ ئەل قاتارى بەرسىلە، دېسىلە سىلىنى يەۋېتەمدۇ. قوشنىمىز تۇراخۇنغا يالۋۇرۇپ تېرىتىۋالساق يامان كەتمەستى.

لەيلىخاننىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىدى. قوزاخۇن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پۈشۇلداشقا باشلىۋىدى، خوتۇنى

تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ۋاتىلدىغىلى تۇردى.
— قاپاقباشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋەرگە-
لى تۇرسىلا، ئاقىۋەت بۇ جاننى ئىتقا تاشلاپ بېرىدىغان ئوخشاي-
مىز، سىلىدەك سۈيى يوق ئەر بىلەن ياشاپ قالغىنىم، ئىسىت…
— مېنى باي بولغۇسى يوق دەمسەن؟ — قۇزاخۇن ئۇلۇغ
كىچىك تىندى، — مېنىڭمۇ ياخشى كۈن كۆرگۈم، سىلەرنى
باياشاتلىقتا ئېرىشتۇرگۈم بار، ئويلاپ باق، يەر ئاۋۇسا جاپامۇ،
ئالىقانغا كىرىدىغان پۇلمۇ ئاۋۇيدۇ، تەقدىر - پېشانىمىزگە را-
ھەت پۈتۈلمىگەن خەق ئوخشايمىز. جاپا چەككىنىمىز مەيلىغۇ،
لېكىن بىر ياز ئۆلۈپ - تىرىلىشىمىزگە باقماي ئىشلەپ تاپقىنى-
مىز قەرز - سېلىقتىن ئاشمىسا، بۇنداق تىرىكچىلىك قىلغانىنىڭ
نېمە پايدىسى؟!
— تولا قۇشقۇن پوقى گەپ قىلىپ ئوغامنى قايناتماڭلار،
سىلى بۇ ئۆينىڭ نېمىسى، قارانچۇقىمۇ؟ قامچا بويلۇق راۋۇرۇس
ئەر تۇرۇپ ھېلىتىنلا قىلمىغان ئىشتىن ئۈمىد ئۈزگىلى تۇرسى-
لا، بۇ جاننى نەگە قويىمىز، تىرىك جان بولغاندىكىن مىدىراپ
باقمامدىلا. ساپايەم قاپاق دېسىلە مېنىڭ تامبىلىمنى كىيىپ تۆ-
شۈكنى سىلە چۆرۈسىلە. بارىدىغان يەرگە ئۆزۈم باراي.
— مەن تەسلىم بولدۇم، ئەمدى ئىسسىق قوللىرىڭ بىلەن
غولۇمنى بىر تۇتۇپ قويغىنا، لەيلەم، — دېدى قۇزاخۇن ئوڭاي-
سىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەستە كۈلۈمسىرەپ.
— ھۇ، دۇمبىسى قىچىشسا گەدىنىنى قاشلايدىغان گاداي.
چاقچاق قىلىۋاتقاندەك دەۋاتقان گېپىنى قارا، غوللىرى قىچىشقان
بولسا جاڭگالغا چىقىپ تىكەنلىكتە ئوڭدا ياتسىلا، سىلىدەك چى-
رايلىق ئاشۇق، ئەمبەل تاتۇققا سېزىك بولۇپ قالغان ئادەم يوق
بۇ يەردە.
لەيلىخان سۆزلە - سۆزلە بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇ قۇزاخۇننىڭ
ئوسال ئەھۋالدا قېلىپ، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكىنى بىلەن-

مۇ كارى بولمىدى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ئۆينىڭ غېمىدە، ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىش تەقەززاسىدا پۇچۇلىناتتى. لېكىن مىجەزى ئېغىرراق قۇزاخۇن بولسا ئۆزىنىڭ چاقىنى چۆرۈپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك مىسىلداپ يۈرەتتى. غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا زادى ئالدىرمايۋاتقان ئېرىنىڭ بۇ قىلىقى لەيلىخاننىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى.

كەچتە يېشىنىپ ياتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى يەنە باشلاندى. بۇ قېتىم گەپنى لەيلىخان تەشتى.

— ماڭا قاراڭلا قۇزاخۇن، يوقنىڭ ئورنىدىكى يەرنىڭ جاپاسىنى تارتىپ، ھاشىرىغا ئىشلىگەنگە يارىشا بىز يا كۆكلەپ كېتەلمىدۇق، ئاز تېرىساقمۇ تېرىيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە مەن دېگەندەك يەنە ئازراق يەر سېتىۋالىلى، سىلىنى كىم دېسە، داڭلىق چېلىشچىنىڭ ئوغلى دەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ چاپان يا تىزدىن ئاشمىسا، چىشىمىزنىڭ كىرىنى شوراپ يۈرۈۋەرسەك خەق نېمە دەيدۇ، نە ئات، نە نومۇس بىزگە…

— يەنە شۇ گەپمۇ! — دېدى قۇزاخۇن بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ، — تولا بېشىمنى ئاغرىتماي ئۇخلىغىلى قوي مېنى.

— قۇزاخۇن، جېنىم ئېرىم، — لەيلىخان ئېرىنىڭ يوتقىنىنى قايرىپ، قويۇۋەتكەن چاچلىرى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى غىدىقلىغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — رۇستەمنىڭ مەكتەپكە تۆلەيدىغان يىللىق ئوقۇش پۇلىنى تېخى بېرەلمىدۇق، ئوقۇش باشلانسا يەنە پۇل دەپ قوپىدۇ، تولا گەپ ئاڭلاپ قۇلىقىمۇ ئۇشكە بولۇپ كەتتى. بىلمەن، چوڭ ئوغلۇڭلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي كېچە ـ كۈندۈز يۈرىكىڭلا سۇ، شۇنداقتىمۇ بالىدىن كۆپ ئەنسىرەپ كەتمەڭلا. ئۇنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، ئۇمۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بىرەر يەردە سودا ـ تىجارەتنىڭ يولىنى قىلىۋاتقاندۇ. بىز لازىم بولغان بىر كۈنى كېلىپمۇ قالار، ئەمدى پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئالدىمىزغا

قارايلى، ئۆزۈڭلىگىمۇ ئايان، يەرنىڭ باج، سۇ ھەققىنى ئاران تۆلىيەلىدۇق، ھەيدىتىپ تېرىتقان قەرز، ئوغۇت بىلەن يۇپۇقنىڭ پۇلى، كەنتنىڭ چاچتىن تولا سېلىقلىرى تېخى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. ھېلىقى 200 تۇپ تېرەك ئورمىنى، 50 تۇپ ياڭاق كۆچىتى، بېدە ئۇرۇقى پۇللىرىچۇ ... ئۇھ ... گەدىنىمىزنى بىر پاتمان قەرزلەر بېسىپ تۇرسا، سىلى غەم يېمەستىن خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلايلىغۇ. مۇنداق سىڭا - سالداق يۇرۇۋەرمەيلى. تاش چىشلەپ يېتىۋالماي بىر نېمىدەپ باقسىلىچۇ.

— ھەي، ئاغزىغا بالا تەگكۇر ئاق قۇشقاچ، ساڭا نېمە بولدى بۇگۇن — ئەتە بىر گەپ بولسۇن، دەپ تۇرسام يەنە نېمانداق ۋىتىلداۋېرىسەن!

لەيلىخاننىڭ ئۇخلىغىلى قويماي ئاقىنىدىن خەپسىنىۋاتقان قۇزاخۇن چاچراپ ئورنىدىن قوپتى - دە، مۇشتلىرىنى خوتۇنىنىڭ كۆزىگە دىۋەيلەپ ھۆركىرىدى. ئېرىنىڭ تەتۈرلۇكىدىن دىلى ئازار يېگەن مەزلۇم ئۆزىنى تۇتالماي قۇزاخۇننىڭ يېغىرىغا تەگدى.

— مۇشۇنداق ئۇيقۇباشلىق قىلىپ يېتىۋەرسەك، ئەسكى تېرىكىڭ ساڭا مەدەت بەرمەكتە يوق، ئۇرۇپ ۋەتۋەرىكىڭنى چىقىررىۋېتىمدۇ. قاراپ تۇر!

— ھەي ھازازۇل خوتۇن، مەن ۋەتۋەرەك بولسام، سەن ئالتۇن كاۋوجىغا چىقاتتىڭمۇ؟ ئەمدى تىلىڭنى يىغمىساڭ قوۋۇرغاڭنى بىردىن يۇلۇۋالىمەن.

— مانا ئالتۇن قوۋۇرغام، مانا كۈمۈش قوۋۇرغام، قېنى يۇلۇۋالسىلا ... كەلسىلە ...

ئېرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان لەيلىخان بەللىرىنى ھەر ياڭزا تولغاپ ھەزىلكەشلىك قىلغىلى تۇرۇۋېدى، قۇزاخۇننىڭ كۆكلەۋاتقان غەزىپى چىپپىدە توختاپ قالدى. لەيلىخان ئادىتىگە ماس كەلمەيدىغان قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەۋج-

گە كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئاچچىق بىلەن كۈلكە ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتكەن قۇزاخۇن ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

— ها ··· ها ··· ها ···، ئەسلىي ئارتىس بولۇشقا لايىقسەندە، مۇشۇ يەرلىرىڭنى دېمىسەم ··· خەپ ···

كۈلكىدىن توختىغان قۇزاخۇن خوتۇنىغا غەلىتە ئالىيىپ قويۇپ يېتىشقا باشلىدى. ئېرى بىلەن يۈرىكى تەڭ سوقىدىغان سۇلغۇن چىراي لەيلىخان ئەركىلەپ قۇزاخۇننىڭ بېقىنىغا كىردى ـ دە، قىزىق قوللىرى بىلەن ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ، يۇڭلۇق گەۋدىسىنى ئامراقلىق بىلەن سىلاشقا باشلىدى. سۇپا بېشىدىكى توغرا ياغاچقا ئېسىلغان كىرسىن چىرىغىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۆلىلدەپ تۇرغان ياش تامچىلىرىدا ۋىل ـ ۋىل ياناتتى. لەيلىخان كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان ئېرىگە بىر هازا ئۈنسىز تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پىلىك يالقۇنلىرىنىڭ تار قىسىلچاقلىرىدىن كۆرۈنۈۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندىكى ئاپئاق يۇلتۇز خرۇستاللىرىنىڭ غەمسىز چاراقلاشلىرىغا تىكىلگەن، يىراقلاردىن كېلىۋاتقان سېھىرلىك نەي ئاۋازى لەيلىخاننىڭ مۇڭ ـ ھەسرەت ئۆرىدەپ تۇرغان تىترەك ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، كېچىنى شۇنچىلىك غېرىب، شۇنچىلىك مېھرىبان، شۇنچە ھارارەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. قۇزاخۇن ئۇنىڭ قوڭۇررەڭ چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلايتتى.

— سىلىنى رەنجىتەي دېمىگەنىدىم ···

— بىلىمەن، سەنمۇ ئائىلىمىزنى ئويلاۋاتىسەن ···

— ئەمىسە ۋەدە بەرسىلە، يوقسۇزلۇقنى بىزگە ھەقلەپ نىكاھلىنىۋەتمىگەنىدىكىن، يەر ئىلتىماس قىلايلى، كۈنىمىز ياخشىلانسۇن.

— يىغلىمىساڭچۇ لەيلەم، كۆزۈڭدىن ياش چىقسىلا يۈرىكىم ئېزىلىپ كېتىدىكەن. سەن دېگەندەك قىلايلى، بوپتۇ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com